## 127312 ـ چىلىم چېكىشنىڭ ھۆكمى ۋە ئۇنىڭ زىيىنى توغرىسىدا

**سۇئال**

چىلىم چېكىش ھاراممۇ؟ چىلىمگە كۆك تاماكا ياكى باشقا زەھەرلىك ماددىلارنى ئىشلەتمەستىن گۈل سۈيى ئىشلەتسىمۇ ئوخشاشلا ھارام بولامدۇ؟، بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمىز.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر.

بىرىنچى: تاماكا سەۋەبىدىن كېسەل بولغانلارنى ھېسابلىمىغاندىمۇ تاماكىنىڭ ھازىرقى زاماندا كىشىلەر كۆپلەپ ئىستىمال قىلىۋاتقان ئەڭ زەھەرلىك، نىجىس نەرسە ئىكەنلىكىدە ھېچ شەك يوق. تاماكا چېكىش سەۋەبىدىن يىلىغا نۇرغۇن كىشىلەر ھاياتىدىن ئايرىلىدۇ.

خەلقئارا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ 2008–يىلدىكى تەكشۈرۈش دوكلاتىغا قارىغاندا، تاماكا تەركىبىدىكى نىكوتىن ماددىسىنى سۈمۈرۈش سەۋەبى بىلەن يىلىغا 5.4 مىليون كىشى ھاياتىدىن ئايرىلىدىكەن. يەنى ھەر كۈنى تاماكا سەۋەبىدىن ھاياتىدىن ئايرىلىدىغانلارنىڭ سانى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 140000 مىڭغا يېتىدۇ دېگەنلىكتۇر. بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن تىزدىن چارە–تەدبىر قوللۇنۇلمىسا، 2020–يىلىغا بارغاندا تاماكا تەركىبىدىكى زەھەرلىك ماددا سەۋەبىدىن ھەر يىلى ھاياتىدىن ئايرىلىدىغانلارنىڭ سانى 10 مىليونغا يېتىدىكەن.

بىز 7432ـ ۋە 10922ـنومۇرلۇق سوئاللارنىڭ جاۋابىدا زەھەرلىك چېكىملىككە ئىشلىتىدىغان ئۆسۈملۈكلەرنى تېرىش، ئېلىپ–سېتىش ۋە بۇ نىجىس ئۆسۈملۈكنى ئىستىمال قىلىشنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا تەپسىلى جاۋاپ بەردۇق.

ئىككىنچى: چىلىم چېكىش ئارقىلىق ئىستىمال قىلىنىدىغان زەھەرلىك ماددىلار ئادەتتە ئورالغان تاماكىدىكى زەھەرلىك ماددىلاردىن ھېچ پەرقلەنمەيدۇ بەلكى ئۇنىڭ زىيىنى تاماكىنىڭ زىيىنىدىن كۆپراقتۇر.

بەھرەيندىكى "زەھەرلىك چېكىملىككە قارشى تۇرۇش جەمئىيىتى"نىڭ تور سەھىپىسىدە چىلىم ئارقىلىق ئىستىمال قىلىنىدىغان ماددىلار توغرىسىدا مۇنداق بايانات ئېلان قىلىنغان:

بۇ ماددىلار تاماكا تەركىبىدە شەكىللەنگەن ماددىلاردىن ھېچ پەرقلەنمەيدۇ، بەلكى چىلىم ئارقىلىق ئىستىمال قىلىنىدىغان ماددىلارنىڭ تەركىبىدىكى زەھەرلىك ماددىنىڭ سانى4000مىڭدىن ئاز ئەمەس. ئۇنىڭ مۇھىملىرى: نىكوتىن، زەھەرلىك گاز،

كۆمۈر مېيى، ئېغىر مېتال، ئوت ئالغۇچى ماددىلار، راك كېسەللىكگە سەۋەب بولىدىغان ماددىلار، خىمىيىلىك زىرائەت ماددىلىرى، ھاشارەتنى ئۆلتۈرىدىغان ماددىلار ۋە ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن زەھەرلىك ماددىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

زەھەرلىك ماددا ئىشلەپ چىقىرىدىغان بەزى شىركەتلەر چىلىم ئارقىلىق ئىستىمال قىلىنىدىغان ماددىلارنىڭ تۈرلىرىدىن كۆمۈر مېيى ماددىسىنىڭ ھەممىسىنى ياكى بىر قىسمىنى تازىلاپ پىششىقلاپ ئىشلىگەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇلار چىلىم ئارقىلىق ئىستىمال قىلىنىدىغان چېكىملىك ماددىسىغا تەركىۋى ئېنىق بولمىغان بەزى تەم ۋە خۇشبۇي ماددىلارنى قاتىدىغان بولۇپ، بىز ئۇنىڭدىن كېلىدىغان زىياننىڭ مىقدارىنى ئېنىق بىلەلمەيمىز.

بەزىلەرنىڭ چىلىم ئارقىلىق ئىستىمال قىلىنىدىغان ماددىلارنىڭ تاماكىغا ئوخشاش خەتىرى يوق دېگەن سۆزى ھەرگىزمۇ توغرا ئەمەس. سەئۇدى ئەرەبىستاندا تۆت يىل جەريانىدا ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات ۋە تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن شۇ ئىسپاتلاندىكى، چىلىمدا ئىستىمال قىلىنىدىغان شىرىلىك ماددا ساپ زەھەرلىك ماددا بولۇپ، شىركەتلەر سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ كۆزىتىشى ياكى تەكشۈرۈشىگە قويماستىن ئۇنىڭ تەركىبىگە يەنە تۈرلۈك رەڭلىك ماددىلارنى ئارىلاشتۇرغان. تەكشۈرۈش ئارقىلىق مەزكۇر ماددىنىڭ راك ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ھەر تۈرلۈك كېسەللىكلەرگە سەۋەب بولىدىغانلىقى ئىسپاتلاندى.

بۇنىڭ تۈرلىرى ئىچىدىكى "ئەلجىراك" دەپ ئاتىلىدىغان چېكىملىك تۈرى 15% كۆك تاماكىغا ئەسەل، مېۋە ۋە ئۇنىڭدىن باشقا كۆپەيتۈرۈش ئۈچۈن بەزى خىمىيىلىك ماددىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ پىششىقلاپ ئىشلەيدۇ.

ئۈچىنچى: بەزى ساددا كىشىلەر چىلىم ئارقىلىق تاماكا چېكىشنى ھالال، ئۇنىڭ تۈتۈنى چىلىمدىكى سۇيۇقلۇق ئارقىلىق چېقىپ كېتىدۇ دەپ قارايدۇ. بۇ توغرىدىن بەكلام چەتنەپ كەتكەنلىك ھېسابلىنىدۇ. ئەمما تەجرىبىلىك كىشىلەر مۇنداق دەيدۇ:

1-چىلىمنى بىر قېتىم شوراشئاز بولغاندا 10 تال سىگارېت چەككەنگە باراۋەر كېلىدۇ.

2-شىرىلىك چېكىملىك بىرقىسمىنىڭ چىلىمدا كۆيۈشى چىلىمدىكى زەھەرلىك ماددىنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ.

3-بىر چىلىمنى بىر قانچە كىشى ئىشلەتكەنلىكتىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بەزى كېسەللىكلەرنىڭ تارقىلىش ئېھتىماللىقى زور بولىدۇ.

4-چىلىمنىڭ سۈيى چىلىمدىكى تاماكا ماددىسى ئۆز ئىچىگە ئالغان راك ۋە باشقا كېسەللىكلەرگە سەۋەپ بولىدىغان زەھەرلىك ماددىلارنى يوق قىلىۋېتەلمەيدۇ.

بەھرەيندىكى"زەھەرلىك چېكىملىككە قارشى تۇرۇش جەمئىيىتى" تور بېتىدە مۇنداق بايان قىلىنغان: كۆپچىلىك كىشىلەر چىلىم چېكىشنىڭ زىيىنى تاماكا(سىگارېت) چېكىشنىڭ زىيىنىدىن ئاز بولىدۇ دەپ قارايدۇ. بۇ ئىنتايىن ئاددى قاراشتۇر. چۈنكى ئۇلار چىلىمدا بار بولغان سۇنىڭ ئارىسىدىن ئۆتكەن تۈتۈن زىيانلىق ماددىلارنى يۇركىيدۇ، شۇنىڭ بىلەن چىلىم چىكىش ئارقىلىق كېلىدىغان زىياننىڭ نىسبىتى تۆۋەنلەيدۇ دەپ قارايدۇ. ئەمما چىلىم چەككۈچىنىڭ ئېغىزىدىن چىققان تۈتۈننى تەكشۈرۈش

نەتىجىسىدە، بۇ قاراشنىڭ خاتا ئىكەنلىكى ئاشكارا بولدى. چۈنكى ئېغىزدىن چىققان شۇ تۈتۈنمۇ تاماكا تەركىبىدە بار بولغان زەھەرلىك ماددىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن شۇ ئىسپاتلاندىكى:

1– چىلىم چېكىش دائىم خۇمار قىلىدۇ.

2– چىلىم چېكىش ئۆپكىنىڭ نورمال ھەرىكىتىنى توۋەنلىتىدۇ، ئۆپكىنىڭ ئىششىپ كېتىشى، تەرەپلىرىنىڭ ياللۇغلىنىشىغا سەۋەپ بولىدۇ. بۇ كېسەل ئېغىرلاشقانسىرى ئىنساندا ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش كۈچى ئاجىزلايدۇ.

3– چىلىم چېكىش ئۆپكە، ئېغىز بوشلۇقى، كاناي ۋە ئاشقازان راكى قاتارلىق كېسەللەرگە سەۋەپ بولىدۇ.

4– چىلىم چېكىش قان تەركىبىدىكى كاربۇن گازىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلىشىگە سەۋەپ بولىدۇ.

5– چىلىم چېكىش ئەر–ئاياللاردا ئۇرۇقدانلارنىڭ كەمىيىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

6– چىلىم چەككەنلەرنىڭ ئۆپكە سىل كېسىلىگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتى يۇقىرى بولىدۇ.

7– چىلىم چېكىش دائىم چىلىم چېكىدىغان ئاياللار ھامىلدار بولغاندا قورساقتىكى تۆرەلمىنىڭ ۋەزنى تۆۋەنلەيدۇ، شۇنداقلا تۆرەلمە كەلگۈسىدە نەپەس ياللۇغى كېسىلىگە گىرىپتار بولىشى ياكىتۇغۇلۇپلا ئۇشتۇمتۇت ئۆلۈپ كېتىشىگە سەۋەپ بولىشى مۇمكىن.

8–چىلىم چەككۈچى ھەر قېتىم نەپەس ئالغاندا ئۇنىڭدىن ۋە ئۇنىڭ كىيىمىدىن سېسىق پۇراقلار تارايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئاۋازىنىڭ غاراڭ–غۇرۇڭ بولىشى، كۆز قارچۇقلىرىنىڭ قىزىرىپ كېتىشىگە سەۋەپ بولىدۇ. شۇنداقلا مۇددەتتىن بۇرۇن يۈزى ۋە بەدەن تېرىسىگە قورۇق چۈشۈپ كېتىدۇ.

9– بۇنىڭدىن سىرت يەنە چىلىم چەككۈچى ئۆز ئۆيىنىڭ ماددى ۋە مەنىۋي مۇھىتىنى بۇزغۇچى ھېسابلىنىدۇ.

يۇقىرىقى تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە چىلىم چېكىشنىڭ ھارام ئىكەنلىكىمۇ ئوچۇق ئىسپاتلاندى.

شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم رەھىمەھۇللاھدىن: ئورالغان تاماكا(سىگارېت) چېكىش بىلەن چىلىم چېكىشنىڭ ئارىسىدا نېمە پەرق بار؟ دەپ سورالغاندا، شەيخ تاماكىنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى تەپسىلى چۈشەندۈرۈپ بولۇپ، مۇنداق دېگەن: ئەگەر تاماكىنىڭ ھارام ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان بولسا، تاماكىنى قەغەزگە ئوراپ سىگارېت شەكلىدە ئىستىمال قىلىش ياكى چىلىم ئارقىلىق ئىستىمال قىلىش، يەنى ساپ تاماكا ماددىسىنى ئىستىمال قىلىش بىلەن ئۇنىڭغا ئارىلاشتۇرۇلغان ماددىلارنى ئىستىمال قىلىشنىڭ ئارىسىدا ھېچ پەرق يوق، گەرچە ئىسىم ئۆزگەرسىمۇھەقىقەت ئۆزگەرمەيدۇ. ھارام نەرسە باشقا بىر نەرسىگە ئارىلاشتۇرۇلسا، ئۇ نەرسىنىڭ ئەسلىدىكى ھاراملىقى ئۆز ھالىتىدە تۇرىۋېرىدۇ. بۇ توغرىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق

دېگەن: قىيامەت يېقىنلاشقاندا بىر بۆلەك كىشىلەر كېلىدۇ، ئۇلار هاراقنىڭ ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ باشقا بىر ئىسىم بىلەن ئىچىدۇ. [ئىمام ئەهمەد رىۋايىتى. شەيخ ئەلبانى رەهىمەهۇللاه بۇ هەدىسنى سەهىه هەدىسلەر توپلىمى 414-هەدىستە كەلتۈرگەن]. شەيخ مۇهەممەد ئىبنى ئىبراهىم پەتىۋالار توپلىمى 12-توم 90-بەت.

سەئۇدى ئەرەبىستان ئىلمى تەتقىقات، دىنى پەتىۋا كومىتېتى ئالىملىرى مۇنداق دەيدۇ: "چېلىم، تاماكا قاتارلىقلار هارام قىلىنغان نىجىس نەرسىلەردىن بولۇپ، ئۇنىڭ تەركىبىدە ئىنسان بەدىنىگە زىيانلىق بولغان ماددىلار مەۋجۇتتۇر. شۇڭلاشقا پۇل-مالنى ئىسراپ قىلغانلىقتۇر. بۇ توغرىدا ئاللاه تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: وَيُحِلُّ لَهُمُ الطَّيِّبَاتِ وَيُحَرِّمُ عَلَيْهِمُ الْخَبَائِثَتەرجىمىسى: ئۇلارغا پاك نەرسىلەرنى هالال قىلىدۇ، ناپاك نەرسىلەرنى هارام قىلىدۇ. [سۈرە ئەئراف 157-ئايەتنىڭ بىرقىسمى].

پەيغەمبەرئەلەيهىسسالامدىن بايان قىلىنغان سەهىه هەدىستە، پەيغەمبەرئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: ئۆزىگىمۇ ۋە باشقىلارغىمۇ زىيان يەتكۈزۈش توغرا بولمايدۇ. شۇڭا ئۇچۇن چېلىم ۋە تاماكا قاتارلىق چېكىملىكلەرنى ئىستىمال قىلىش، باشقىلارغا سېتىش ۋە جەمئىيەتتە تارقىتىش-راۋاجلاندۇرۇش توغرا بولمايدۇ. [پەتىۋادا: شەيخ ئابدۇل ئەزىز ئىبنى ئابدۇللاه ئالى شەيخ، شەيخ ئابدۇللاه ئىبنى غۇدەييان، شەيخ سالىه ئەلپەۋزان ۋە شەيخ بەكرى ئەبۇ زەيد قاتارلىقلار. دائىمىي كومىتېت پەتىۋاسى26351 ].

تۈتىنچى: ئەمما سىزنىڭ سوئالىڭىز: چېلىمنى تاماكا ماددىسى قوشماي پەقەت گۈل سۈيى بىلەن ئىستىمال قىلىش توغرىسىدا بولۇپ، ئۇ قانداق گۈل سۈيى بىز بۇنى بىلمەيمىز ۋە بۇنداق بولۇشىنى خىيالمۇ قىلمايمىز، ئۇنداقتا چېلىمدا كۆيدىغىنى قانداق ماددا؟، ئۇنىڭدىن سۈمۈرىلىدىغان نەرسىچۇ؟، بۇ ئىنسانىنىڭ تەسەۋۋۇردىن شاخلاپ چىققان نەرسىگە هۆكۈم قىلىشتۇر. مەسىلىنى ئوچۇقلاشتۇرۇپ يەنە بىر قېتىم قايتا سورىشىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمىز.

هەممىدىن توغرىنى بىلگۈچى جانابى ئاللاهتۇر.